ئۆسمۈرلەر ئۈچۈن دىنىي ساۋات

«مەن مۇسۇلمان» يۈرۈشلۈك ئەسەرلىرى

1

# مەن مۇسۇلمان



ئىسلام دېگەن نېمە؟
ئىمان دېگەن نېمە؟
ئېھسان دېگەن نېمە؟

جىبرىل ئەلەيھىسسالام سورايدۇ
پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جاۋاب بېرىدۇ

ساجىيە

ئىسلام تەتقىقات مەركىزى

تەييارلىغۇچى:

مۇھەممەد سابىر مۇھەممەد

پىلانلىغۇچى ۋە تەھرىرلىگۈچى:

شەيخ مىرئالىم ئابدۇلمەجىد

كاشغەرى



ساجىيە

ئىسلام تەتقىقات مەركىزى

saciyeder@gmail.com

www.sajiya.biz

تۈركىيە - ئىستانبۇل

05537654555

2020- يىل ئىيۇن

ئىككىنچى نەشرى

ئالدى بىلەن سىزنىڭ ساجىيە ئىسلام تەتقىقات مەركىزى نەشر قىلغان ئەسەرلەرنى تاللىغىنىڭىزغا كۆپتىن - كۆپ رەھمەت ئېيتىمىز، ھەممىگە قادىر ئاللاھدىن ساجىيە ئىسلام تەتقىقات مەركىزى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان ئەسەرلەر ئارقىلىق ھەممىمىزگە نەپ يەتكۈزۈشىنى ۋە قوبۇل قىلىشىنى سەمىمىيلىك بىلەن تىلەيمىز.

قولىڭىزدىكى بۇ كىتاب بالىلار ئۈچۈن تۈزۈلگەن دىنىي تەلىم - تەربىيە كىتابى بولۇپ، بىز سەبىي پەرزەنتلىرىمىزنىڭ كەلگۈسى ئۈچۈن ئەسەرلىرىمىزنى بۇنىڭدىنمۇ ياخشى قىلىش ئۈچۈن تىرىشچانلىق ۋە ۋاقىت ئاجرىتىشتا بېخىللىق قىلمايمىز... ئەسەرلىرىمىزنى توردا تارقىتىشتىكى مەقسەت - نىشانىمىز توردىكى ئۇيغۇرچە دىنىي مەزمۇنلارنى بېيىتىش، شۇنداقلا ئېھتىياجلىق كىشىلەرنىڭ ئۇنى ھەر ۋاقىت توردىن چۈشۈرۈپ پايدىلىنىشى ئۈچۈندۇر.

بۇ ئەسەرلەر توردا ھەقسىز تارقىتىلىدىغان بولۇپ پەقەت شەخسىي ۋە تەلىم - تەربىيە مەركەزلىرىدىلا ئىشلىتىشكە بولىدۇ. ئەسەرلىرىمىزنىڭ نەشر ھوقۇقى ساجىيە ئىسلام تەتقىقات مەركىزىگە تەۋە، قىسمەن ياكى پۈتۈنلەي ئۆزگەرتىش، ياكى سودا تور بېكەتلىرىگە خالىغانچە قايتا يوللاش ھەمدە مەركەزنىڭ لوگوسىنى ئۆچۈرۈۋېتىش مەنئى قىلىنىدۇ.

كىتابنى ھەمبەھىرلىگۈچى ۋە چۈشۈرمەكچى بولغانلار ئۈچۈن توربەت ئادرېسىمىزنىڭ ئەسلى ئۇلانمىسى:

www.saciye.biz.com



# دىنىمىزدىكى دەرىجىلەر

بىزنىڭ دىنىمىزدا ئۈچ دەرىجە بار بولۇپ، ئۇلار:

ئىسلام

ئىمان

ئېھسان

ئوماق بالىلىرىم! ئەمدى بىز بۇ دەرىجىلەرنىڭ ھەربىرى بىلەن تونۇشۇپ چىقايلى بولامدۇ؟



# ئىسلام دىگەن نىمە؟

ئىسلام دىگەن:
يەككە - يىگانە ئاللاھقىلا
ئىبادەت قىلىش؛

ئاللاھ بۇيرۇغان
ئىشلارنى قىلىش؛

ئاللاھ چەكلىگەن ئىشلاردىن
يىراق تۇرۇشتۇر.



## ئۇماق باللىرىم! قايسى ئىشلارنى قىلساق ئىسلام دەرىجىسىدە بولىدىغانلىقىمىزنى بىلەمسىلەر؟

ئاداشلار! بىز ئىسلامنىڭ تۆۋەندىكى بەش ئاساسىنى بەرپا قىلساق، ئاندىن ئىسلام دەرىجىسىدە بولىمىز.



ساجىيە

# 1. شاھادەت ئېيتىش

## لائىلاھە ئىللەللاھۇ مۇھەممەدۇن رەسۇلۇللاھ

شاھادەت ئېيتىش دېگەن: «بىر ئاللاھتىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوق، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى» دەپ گۇۋاھلىق بېرىشتۇر.

ئاللاھتىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوق، ئاللاھ بارلىق مەۋجۇداتلارنىڭ ياراتقۇچىسىدۇر.

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بىزگە ئىسلام دىنىنى ئۆگىتىش ئۈچۈن ئاللاھ تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەردۇر.






# 2. ناماز ئوقۇش



ئوماق بالىلىرىم! ناماز دىنىمىزنىڭ تۈۋرۈكى، بىز ناماز ئوقۇساق دىنىمىزنى تىكلىگەن بولىمىز، ئوقۇمىساق ئۆرگەن بولىمىز.

بىز ھەركۈنى بەش ۋاخ ناماز ئوقۇيمىز ۋە نامازلارنى ئۆز ۋاقتىدا ئىخلاس بىلەن ئوقۇشقا ئەھمىيەت بېرىمىز، چۈنكى ناماز ئاللاھ ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان ئەمەللەرنىڭ بىرى.



# 3. زاكات بېرىش

## مۆمىنلەر قېرىنداشتۇر

بايلار زاكات بەرسە، ئاللاھ ـ تائالا ئۇلاردىن رازى بولىدۇ ۋە ئۇلارغا بەرىكەت ئاتا قىلىدۇ. زاكات كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا مېھىر ـ مۇھەببەتنىڭ تارقىلىشىغا ۋە ئۇلارنىڭ بىر ـ بىرىگە كۆڭۈل بۆلىدىغان قېرىنداشلاردىن بولۇشىغا سەۋەب بولىدۇ.



# 4. رامىزان روزىسىنى تۇتۇش




رامىزان ئېيى بىر يىل ئىچىدىكى ئەڭ ئۇلۇغ ئاي بولۇپ، ئاللاھ مۇسۇلمانلارغا بۇ ئايدا روزا تۇتۇشنى پەرز قىلدى، ۋە بۇ ئايدا مىڭ ئايدىن ئەۋزەل بولغان قەدىر كېچىسى بار، شۇنداقلا «قۇرئان كەرىم»مۇ رامىزان ئېيىدا نازىل بولغان.

روزا تۇتۇش ئىرادىنى تاۋلايدۇ، تەقۋادارلىقنى كۈچەيتىدۇ، ساۋابلارنى ھەسسىلەيدۇ ۋە جەننەتتىكى مەرتىۋىنى يۇقىرى كۆتۈرىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «جەننەتتە ‹رەييان› دەپ ئاتىلىدىغان بىر ئىشىك بار بولۇپ، قىيامەت كۈنى ئۇنىڭدىن روزا تۇتقانلارلا كىرەلەيدۇ، باشقىلار كىرەلمەيدۇ. ‹روزا تۇتقۇچىلار قەيەردە؟› دېيىلسە، روزا تۇتقۇچىلار ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇ ئىشىكتىن كىرىدۇ ۋە ئۇلار كىرىپ بولغاندا، ئىشىك تاقىلىپ ئۇلاردىن باشقا ھېچكىم كىرەلمەيدۇ.»

(«بۇخارى»، 1896 - ھەدىس)



# 5. قادىر بولالىسا ھەج قىلىش

ئاللاھ تائالا ھەج قىلغۇچىلارنىڭ ئىلگىرىكى بارلىق گۇناھلىرىنى مەغپىرەت قىلىدۇ، ھەج مۇسۇلمانلارنىڭ ئەقىدىسى ۋە بىر - بىرىگە بولغان قېرىنداشلىق مۇھەببىتىنىڭ كۈچىيىشىگە سەۋەب بولىدۇ، شۇنداقلا ئۆزئارا پىكىر ئالماشتۇرۇشقا ۋە ھال - مۇڭ ئېيتىشىشقا ئىمكانىيەت يارىتىپ بېرىدۇ.





ئوماق بالىلىرىم! ئاستىدىكى سۈرەتلەرگە قاراپ ئۇلارنىڭ قايسى ئىشلار ئىكەنلىكىنى بوش ئورۇنلارغا يېزىپ بېقىڭلار!












# ئىسلامنىڭ بەش ئاساسى

1. شاھادەت ئېيتىش
2. ناماز ئوقۇش
3. زاكات بېرىش
4. روزا تۇتۇش
5. قادىر بولالىسا ھەج قىلىش

# ئىمان دېگەن نېمە؟

ئىمان دېگەن قەلبتە ئىشىنىش، تىلدا ئىقرار قىلىش، سۆز - ھەرىكەت بىلەن ئەمەل قىلىشتۇر.



# ئۇماق بالىلىرىم! ئىماننىڭ بەزىدە كۈچىيىپ، بەزىدە ئاجىزلىشىدىغانلىقىنى بىلەمسىلەر؟

ئىمان ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ رەسۇلىغا ئىتائەت قىلىش بىلەن كۈچىيىدۇ.

شەيتانغا ئەگىشىپ، گۇناھ ئۆتكۈزۈش بىلەن ئاجىزلىشىدۇ.



# ئوماق باللىرىم! قايسى ئىشلارنى ئورۇندىساق ئىمان دەرىجىسىدە بولىدىغانلىقىمىزنى بىلەمسىلەر؟

ئاداشلار! بىز تۆۋەندىكى ئىماننىڭ ئالتە ئاساسىنى ئورۇندىساق ئاندىن ئىمان دەرىجىسىدە بولغان بولىمىز.

## ئىماننىڭ ئالتە ئاساسى

1. ئاللاھقا ئىمان ئېيتىش
2. پەرىشتىلەرگە ئىمان ئېيتىش
3. پەيغەمبەرلەرگە ئىمان ئېيتىش
4. ئاللاھنىڭ كىتابلىرىغا ئىمان ئېيتىش
5. ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان ئېيتىش
6. تەقدىرگە ئىمان ئېيتىش

ئاداشلار! ئىماننىڭ ئالتە ئاساسىنى بىلىۋالدىڭلارمۇ؟ ئەگەر بىلىۋالغان بولساڭلار ئۇلارنى تۆۋەندىكى بوش ئورۇنغا يېزىپ بېقىڭلار!

1. ..........................................................................
2. ..........................................................................
3. ..........................................................................
4. ..........................................................................
5. ..........................................................................
6. ..........................................................................

# 1. ئاللاھقا ئىمان ئېيتىش

بىز شۇنىڭغا ئىمان ئېيتىمىزكى: ئاللاھ يەككە - يېگانىدۇر، ھېچقانداق ئوخشىشى يوقتۇر، پۈتۈن كائىناتنىڭ ياراتقۇچىسىدۇر ۋە ناھايىتى مېھرىباندۇر، بىزگە كۆپ نېمەتلەرنى ئاتا قىلغۇچىدۇر، كېسەللىرىمىزگە شىپالىق بەرگۈچىدۇر، دۇئالىرىمىزنى ئىجابەت قىلغۇچىدۇر، بۇيرۇغانلىرىغا ئىتائەت قىلىشىمىزنى ياخشى كۆرگۈچىدۇر.

ئاداشلار! ئاستىدىكى بوش ئورۇنغا ئاللاھتىن سورىماقچى بولغان دۇئا - تىلەكلىرىڭلارنى يېزىپ بېقىڭلار!



# 2. پەرىشتىلەرگە ئىمان ئېيتىش

پەرىشتىلەرنى ئاللاھ نۇردىن ياراتقان، بىز ئۇلارنى كۆرەلمەيمىز. ئۇلار كېچە - كۈندۈز ئاللاھقا ھەمدۇسانا، زىكىر - تەسبىھ ئېيتىدۇ. ئاللاھنىڭ ئەمىر - پەرمانلىرىنى بەجانىدىل ئورۇنلايدۇ، ئاللاھقا ھەرگىز ئاسىيلىق قىلمايدۇ، پاكىزلىقنى ۋە قۇرئان ئاڭلاشنى ياخشى كۆرىدۇ. ئەگەر پەرىشتىلەر بىرەر ئۆيگە كىرسە، شەيتانلار ئۇ ئۆيدىن قاچىدۇ.



ئوماق بالىلىرىم! تۆۋەندە ئىسمى يېزىلغان پەرىشتىلەردىن قايسىسى پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا قۇرئان ئۆگەتكەن؟ تېپىپ بېقىڭلار!



1. مىكائىل
2. جىبرىل
3. ھارۇت
4. مارۇت

# 3. پەيغەمبەرلەرگە ئىمان ئېيتىش

پەيغەمبەرلەر كىشىلەرنى بىر ئاللاھقىلا ئىبادەت قىلىشقا چاقىرىش ۋە ئۇلارغا ئاللاھنىڭ دىنىنى يەتكۈزۈش ئۈچۈن ئاللاھ تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن يولباشچىلاردۇر.

ئۇلارنىڭ ئەڭ ئاخىرقىسى بولسا سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدۇر.

ئاداشلار! قۇرئاندا تىلغا ئېلىنغان يىگىرمە بەش پەيغەمبەرنىڭ ئىسمىنى ئاتا - ئانىڭلاردىن سوراپ ئاستىدىكى بوش ئورۇنلارغا يېزىپ بېقىڭلار!

1- ..........
2- ..........
3- ..........
4- ..........
5- ..........
6- ..........
7- ..........
8- ..........
9- ..........
10- ..........
11- ..........
12- ..........
13- ..........
14- ..........
15- ..........
16- ..........
17- ..........
18- ..........
19- ..........
20- ..........
21- ..........
22- ..........
23- ..........
24- ..........
25- ..........

# ئاللاھنىڭ پەيغەمبەرلىرى



ئاداشلار! ئاستىدىكى پەيغەمبەرلەرنىڭ ئىسىملىرىنى مۇناسىپ كېلىدىغان قىسىمنىڭ ئاستىدىكى بوش ئورۇنغا يېزىپ سوئاللارغا جاۋاب بېرىپ بېقىڭلار!



تاشتىن تۆگە چىقىرىش مۆجىزىسى بىلەن سەمۇد قەۋمىنى بۇتقا چوقۇنماسلىققا، بىر ئاللاھ تائالاغا ئىبادەت قىلىشقا دەۋەت قىلغان پەيغەمبەر كىم؟

(..............................)




ھاسىنى يىلانغا ئايلاندۇرۇپ، پىرئەۋن ۋە پىرئەۋننىڭ سېھىرگەرلىرىنى يەڭگەن، دېڭىزنى ئوتتۇرىدىن يېرىپ بەنى ئىسرائىل قەۋمىنى قۇتقۇزغان پەيغەمبەر كىم؟

(..............................)



ئاللاھ تائالانىڭ ئەمرى بىلەن كېمە ياساپ، ئىمان ئېيتقانلارنى ۋە پۈتۈن ھايۋاناتلار ۋە قۇشلار دىن بىر جۈپتىن ئېلىپ توپان بالاسىدىن قۇتقۇزغان پەيغەمبەر كىم؟

(..............................)



ئاللاھ تائالانىڭ ئەمرى بىلەن ئاتىسى ئۇنى قۇربانلىق قىلىشقا تەمشەلگەندە «ئاللاھ تائالانىڭ بۇيرىغىنىنى قىلىڭ» دەپ بويسۇنغان، شۇنىڭ بىلەن ئاللاھ تائالا ئۆز دەرگاھىدىن قوي ئەۋەتىپ قۇتقۇزغان پەيغەمبەر كىم؟

(..............................)



قەۋمى ئوتقا تاشلىغاندا، ئاللاھ تائالا ئوتقا ئۇنى كۆيدۈرمەسلىككە ئەمر قىلىپ قۇتقۇزغان، كېيىن كەئبىنى بىنا قىلغان «ئاللاھ تائالانىڭ دوستى» دەپ ئاتالغان پەيغەمبەر كىم؟

(..............................)



پەيغەمبەرلەرنىڭ ئەڭ ئاخىرقىسى بولغان، ئەڭ گۈزەل ئەخلاقلارنى ئۆزىگە مۇجەسسەملىگەن ۋە مۇقەددەس كىتابىمىز قۇرئان ئۇنىڭغا نازىل بولغان پەيغەمبەر كىم؟

(..............................)



چۈشىدە قۇياش، ئاي، يۇلتۇزلارنىڭ ئۆزىگە سەجدە قىلغىنىنى كۆرگەن، قېرىنداشلىرى تەرىپىدىن قۇدۇققا تاشلانغان ۋە ئاللاھ تائالا ئۇنى قۇدۇقتىن ئامان قىلغان پەيغەمبەر كىم؟

(..............................)



ئاللاھ تائالا قۇشلارنىڭ تىلىنى ئۆگەتكەن، جىن - شەيتانلار ۋە شامالنى بويسۇندۇرۇپ بەرگەن، چۈمۈلىنىڭ سۆزىدىن تەبەسسۇم قىلىپ ئاللاھ تائالاغا دۇئا قىلغان پەيغەمبەر كىم؟

(..............................)



كىتنىڭ قورسىقىدا تەسبىھ ئېيتقان، ئاندىن ئاللاھ تائالا ئۆز رەھمىتى بىلەن كىتنىڭ قورسىقىدىن قۇتقۇزغان پەيغەمبەر كىم؟

(..............................)

| | | | |
|---|---|---|---|
| سالىھ ئەلەيھىسسالام | مۇسا ئەلەيھىسسالام | نۇھ ئەلەيھىسسالام | ئىسمائىل ئەلەيھىسسالام |
| يۇنۇس ئەلەيھىسسالام | سۇلايمان ئەلەيھىسسالام | يۇسۇپ ئەلەيھىسسالام | ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام |

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام

# 4. ئاللاھنىڭ كىتابلىرىغا ئىمان ئېيتىش

ئاللاھ تائالانىڭ كىتابلىرى دىنىنىڭ كۆرسەتمىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، ئاللاھ تەرىپىدىن پەيغەمبەرلەرگە چۈشۈرۈلگەن ۋە ئىنسانىيەتكە توغرا يولنى كۆرسەتكۈچى دەستۇرلاردۇر. ئەنە شۇ كىتابلارنىڭ ئەڭ كاتتىسى ۋە ئاخىرقىسى بولسا ئاللاھ تائالانىڭ كالامى بولغان «قۇرئان كەرىم»دۇر.



ئاداشلار! ئۆزۈڭلار يادقا بىلىدىغان قۇرئاندىكى سۈرىلەرنىڭ ئىسمىلىرىنى بۇ يەرگە يېزىپ بېقىڭلار!



# 5. ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان ئېيتىش

ئاخىرەت كۈنى - قىيامەت كۈنىدۇر. ئاللاھ تائالا بۇ كۈندە ئىنسانلارنىڭ دۇنيادا قىلغان ياخشى - يامان ئەمەللىرىدىن ھېساب ئېلىپ، ئۇلارنى جەننەتكە ياكى دوزاخقا كىرگۈزىدۇ.



بىز ئاللاھ تائالاغا ئىتائەت قىلىپ، ئاللاھ رازى بولىدىغان ئىشلارنى قىلىمىز، باشقىلارغا زۇلۇم قىلمايمىز.



# ئەمەللەر مىزانى

ئاداشلار! بىر كۈن ئىچىدە قىلغان ئىشلىرىڭلارنى ياخشى ئويلاڭلار! ئاندىن، ئەگەر ياخشى ئىش بولسا، بۇ شەكىلدە ( ✓ ) مىزان تارازىسىنىڭ ئوڭ تەرىپىدىكى تاشلارغا، يامان ئىش بولسا، بۇ شەكىلدە ( ✗ ) مىزان تارازىسىنىڭ سول تەرىپىدىكى تاشلارغا بەلگە قويۇڭلار. ئاندىن ياخشى ئىشڭلار كۆپمۇ ياكى يامان ئىشڭلارمۇ سېلىشتۇرۇپ بېقىڭلار!



ئاداشلار! بۇرۇن قىلغان خاتالىقلىرىمىز ئۈچۈن ئاللاھقا سەممىيلىك بىلەن تەۋبە قىلساق، ئاللاھنىڭ بىزنى مەغپىرەت قىلىدىغانلىقىنى بىلەمسىلەر؟

# 6. تەقدىرگە ئىمان ئېيتىش

بىز ئاللاھنىڭ ھەممىگە قادىر، ھەممىنى بىلىپ تۇرغۇچى ئىكەنلىكىنى ۋە ياخشىلىق - يامانلىقنىڭ ئاللاھ تەرىپىدىن بولىدىغانلىقىنى بىلىمىز.

ئەگەر بىز بىرەر كېلىشمەسلىككە دۇچار بولساق ﴿بىز ئەلۋەتتە ئاللاھنىڭ ئىگىدارچىلىقىدىمىز، چوقۇم ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا قايتىمىز﴾ دەيمىز، بىزگە بىرەر خۇشاللىق يەتسە «ئاللاھقا شۈكرى» دەيمىز.



ئاللاھنىڭ نېمەتلىرى ئىنتايىن كۆپتۇر، قەيەردىلا بولايلى بىزگە ئۇچراپ تۇرىدۇ. ئۇماق بالىلىرىم! ئاستىدىكى بوش ئورۇنغا ئاللاھنىڭ بىزگە ئاتا قىلغان نېمەتلىرىدىن بىرقانچىنى يېزىپ بېقىڭلار!



1

2

3

4

5

6

7

8

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى

1. ئاللاھقا ئىمان ئېيتىش
2. پەرىشتىلەرگە ئىمان ئېيتىش
3. ئاللاھنىڭ كىتابلىرىغا ئىمان ئېيتىش
4. پەيغەمبەرلەرگە ئىمان ئېيتىش
5. ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان ئېيتىش
6. تەقدىرگە ئىمان ئېيتىش



# ئېھسان دېگەن نېمە؟



ئېھسان: ئاللاھ تائالاغا خۇددى ئۇنى كۆرۈپ تۇرۇۋاتقاندەك ئىبادەت قىلىش ۋە گەرچە بىز ئاللاھنى كۆرمىسەكمۇ، ئاللاھ بىزنى كۆرۈپ تۇرىدۇ، دەپ ئېتىقاد قىلىشتۇر.

ئاللاھ بىزنى ھەر ۋاقىت كۆرۈپ تۇرىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاھقا ھەر ۋاقىت ئىتائەت قىلىمىز.







نامىزىمىزنى تولۇق، توغرا ئوقۇيمىز، چۈنكى ئاللاھ تائالا بىزنى كۆرۈپ تۇرىدۇ.

ئىمتىھانلاردا كۆچۈرمەيمىز، چۈنكى ئاللاھ تائالا بىزنى كۆرۈپ تۇرىدۇ.



ئىشلىرىمىزنى ئىخلاس بىلەن پۇختا قىلىمىز، چۈنكى ئاللاھ تائالا بىزنى كۆرۈپ تۇرىدۇ.





ئۇماق باللىرىم! ئاستىدىكى بوش ئورۇنغا ئېھسان دەرىجىسىگە يەتكۈزىدىغان ئىشلاردىن بىرقانچىنى يېزىپ بېقىڭلار!



1
2
3
4
5
6
7
8
9
10
11
12
13
14
15
16
17

# «ئىسلام»، «ئىمان»، «ئېھسان»



ئوماق باللىرىم! بىز دىنىمىزنىڭ «ئىسلام»، «ئىمان»، «ئېھسان» قاتارلىق دەرىجىلىرىنى ئۆگىنىپ چىقتۇق. ئەمدى ئۇلارنى ئۇنتۇپ قالماسلىقىمىز ئۈچۈن، تۆۋەندىكى ھەدىسنى يادلىۋالايلى بولامدۇ!

ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: دادام ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ماڭا مۇنۇ ھەدىسنى سۆزلەپ بەرگەن ئىدى:

بىر كۈنى بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىدا ئولتۇراتتۇق. تۇيۇقسىز قېشىمىزغا ئاپئاق كىيىم كىيگەن، قاپقارا چاچلىق بىر كىشى كەلدى. ئۇ ئادەمدە سەپەرنىڭ ئالامىتى كۆرۈنمەيتتى، ھېچقايسىمىز ئۇ كىشىنى تونۇمايتتۇق. ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كېلىپ ئولتۇردى، ئاندىن ئىككى تىزىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىككى تىزىغا تەگكۈزۈپ، ئىككى ئالقىنىنى ئىككى يوتىسىغا قويۇپ تۇرۇپ:

«ئى مۇھەممەد! ماڭا ئىسلامنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى دەپ بەرگىن؟» دېدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئىسلام دېگەن، بىر ئاللاھتىن باشقا ھېچ بىر ئىلاھنىڭ يوقلۇقىغا ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاللاھنىڭ ئەلچىسى ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بېرىش، ناماز ئوقۇش، زاكات بېرىش، رامىزان روزىسىنى تۇتۇش، قادىر بولالىسا ھەج قىلىشتۇر» دېدى. ئۇ كىشى: «راست ئېيتتىڭ» دېدى.

بىز ئۇ كىشىنىڭ ئۆزى سورىغان سوئالىغا بېرىلگەن جاۋابنى «راست ئېيتتىڭ» دەپ تەستىقلىغانلىقىدىن ئەجەبلەندۇق.

ئۇ كىشى يەنە: «ماڭا ئىماننىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى دەپ بەرگىن!» دېدى.



# «ئىسلام»، «ئىمان»، «ئېھسان»

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئىمان دېگەن ئاللاھقا، ئاللاھنىڭ پەرىشتىلىرىگە، ئاللاھنىڭ كىتابلىرىغا، ئاللاھنىڭ پەيغەمبەرلىرىگە، قىيامەتكە، ياخشىلىق ۋە يامانلىقنىڭ ئاللاھنىڭ ئىرادىسى بىلەن بولىدىغانلىقىغا ئىشىنىشتۇر» دېدى.

ئۇ كىشى: «راست ئېيتتىڭ» دېدى. ئاندىن: «ماڭا ئېھساننىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى دەپ بەرگىن!» دېدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئېھسان دېگەن، ئاللاھقا خۇددى ئاللاھنى كۆرۈپ تۇرۇۋاتقاندەك ئىبادەت قىلىشتۇر. گەرچە سەن ئاللاھنى كۆرەلمىسەڭمۇ، ئاللاھ سېنى كۆرۈپ تۇرىدۇ» دېدى.

ئۇ كىشى: «ماڭا قىيامەتنىڭ قاچان بولىدىغانلىقىنى دەپ بەرگىن!» دېدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «مەنمۇ ساڭا ئوخشاش ئۇنىڭ قاچان بولىدىغانلىقىنى بىلمەيمەن» دېدى.

ئۇ كىشى: «ئۇنداقتا، ماڭا قىيامەتنىڭ ئالامەتلىرىنى دەپ بەرگىن!» دېدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «دېدەك ئۆزىنىڭ خوجايىنىنى تۇغىدىغان، يالاڭ ئاياغ، يالىڭاچ، كەمبەغەل پادىچىلار چوڭ بىنالارنى سېلىش بىلەن پەخىرلىنىدىغان بولۇپ كەتكەن چاغدا قىيامەت يېقىنلاشقان بولىدۇ» دېدى.

شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ كىشى كېتىپ قالدى. مەن ئۇ كىشىنىڭ سورىغانلىرىغا ھەيران بولغانچە تۇرۇپ قاپتىمەن. تۇيۇقسىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

«ئى ئۆمەر! سوئال سورىغۇچىنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى بىلەمسەن؟» دەپ سورىدى.

مەن: «ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ رەسۇلى ئوبدان بىلگۈچىدۇر» دېدىم.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۇ جىبرىل بولىدۇ، سىلەرگە دىنىڭلارنى ئۆگەتكىلى كەپتۇ» دېدى.

(«بۇخارى»، 37 - ھەدىس «مۇسلىم»، 8 - ھەدىس)



# كىم ئەڭ ئەقىللىق

**ئوماق بالىلىرىم! ئاستىدىكى سوئاللارغا قايسىڭلار جاۋاپ بېرەلەيسىلەر؟**

1. ئاللاھ تائالا قانداق زات؟ نېمىلەرنى ياخشى كۆرىدۇ، نېمىلەرنى يامان كۆرىدۇ؟

2. ئاللاھ تائالانىڭ كىتابلىرى ئىچىدە ئەڭ ئۇلۇغى قايسى؟ كىمگە نازىل بولغان؟

3. ئاللاھ تائالا پەرىشتىلەرنى نېمىدىن ياراتقان؟ ئۇلار نېمىلەرنى ياخشى كۆرىدۇ؟

4. قۇرئاندا ئىسمى تىلغا ئېلىنغان پەيغەمبەردىن قانچىسى بار؟ ئۇلار كىملەر؟

5. پەيغەمبەرلەر قانداق كىشىلەر؟ ئەڭ ئاخىرقى پەيغەمبەر كىم؟

6. قانداق قىلساق ئاللاھ چەكلىگەن ئىشلاردىن يىراق تۇرالايمىز؟

7. قانداق قىلساق ئاللاھ بۇيرۇغان ئىشلارنى قىلغان بولىمىز؟

8. رەببىمىز كىم؟ پەيغەمبىرىمىز كىم؟ دىنىمىز قايسى؟

9. ئىسلام دىنىمىزدا قانچە دەرىجە بار؟ ئۇلار قايسىلار؟

# كىم ئەڭ ئەقىللىق؟

**10.** ئىمان قانداق كۈچىيىدۇ، قانداق ئاجىزلىشىدۇ؟

**11.** بىر كۈندە قانچە ۋاخ ناماز ئوقۇيمىز؟

**12.** ئىسلامنىڭ بەش ئاساسى قايسىلار؟

**13.** ئىماننىڭ ئالتە ئاساسى قايسىلار؟

**14.** ھەجنىڭ قانداق پايدىلىرى بار؟

**15.** زاكاتنىڭ قانداق پايدىلىرى بار؟

**16.** شاھادەت ئېيتىش دېگەن نېمە؟

**17.** ئاخىرەت كۈنى قانداق كۈن؟

**18.** رامىزان ئېيى قانداق ئاي؟

**19.** ئىسلام دېگەن نېمە؟

**20.** ئىمان دېگەن نېمە؟

**21.** ئېھسان دېگەن نېمە؟



ئۇيغۇر خەلق ماقال - تەمسىللىرىدىن

# ئالىم بولساڭ، ئالەم سېنىڭكى

# ئەقىل توزۇماس، بىلىم خورىماس

# بىلىم ئەقىلنىڭ چىرىغى



# ئاتا ـ ئانىلار سەمىگە

﴿ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن﴾

ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاھقا ھەمدۇسانالار، سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ۋە قىيامەت كۈنىگىچە ئۇنىڭغا ئەگەشكەن بارلىق كىشىلەرگە رەھمەت ۋە سالاملار بولسۇن!

ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ھۆرمەتلىك ئاتا ـ ئانىلار! باللارغا ئىسلام دىنىنى ئۆگىتىش، ئۇلارنى ئىسلام ئەقىدىسى بويىچە تەربىيىلەش بىز ئاتا ـ ئانىلارنىڭ باش تارتىپ بولماس مەجبۇرىيىتى. شۇڭا، پەرزەنتلىرىمىزنى تەربىيەلەشتە ئاز ـ تولا ياردىمى بولۇشى ئۈچۈن، بۇ كىتابنى تەييارلاپ چىقتۇق. كىتابنى تەييارلاشتا «رياض الجنة»(جەننەت باغچىسى) نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان ئەرەبچە «أنا مسلم»(مەن مۇسۇلمان) دېگەن كىتابتىن پايدىلاندۇق. كىتابتا سەۋەنلىك ۋە يېتەرسىزلىكلەر بولۇشى تەبىئىي، شۇڭا ئۇستازلارنىڭ ۋە قېرىنداشلارنىڭ تەكلىپ ـ پىكىرلىرىنى ئايىماسلىقىنى ئۈمىد قىلىمىز.

بۇ كىتابنى تەييارلاش، تەھرىرلەش، نەشر قىلىشتا ماددىي ۋە مەنىۋى ياردەملەردە بولغان، قىممەتلىك تەكلىپ-پىكىرلىرىنى بەرگەن ئۇستازلار ۋە قېرىنداشلارغا ئاللاھ رەھمەت قىلسۇن! ئۇلارنىڭ ساۋابىنى ھەسسىلەپ بەرسۇن! ھەمدە بۇ كىتابنى بالىلىرىمىز ئۈچۈن مەنپەئەتلىك قىلىپ بەرسۇن!

2020- يىل ئىيۇن، 2- نەشرى،
ئىستانبۇل
ساجىيە ئىسلام تەتقىقات مەركىزى




Çocuklar için İslami eğitim
سۆيۈملۈك سەبىي ئۆسمۈرلىرىمىزنى ئىلىم - مەرىپەت
بىلەن قوراللاندۇرۇشقا تىرىشايلى!
www.sajiya.biz